# 106460 ـ روزىدارنىڭ بىر قانچە قېتىم يۇيۇنىشى توغرىسىدا

## سۇئال

روزىدار كۈندۈزدە بىرقانچە قېتىم يۇيۇنسا ياكى كۆپ ۋاقىت ھاۋا سوۋۇتقۇچنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالسا توغرا بولامدۇ؟ چۈنكى ھاۋا سوۋۇتقۇچ ئەملىك چىقىرىدىغان تۇرسا؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

روزىدارنىڭ يۇقىرىدا سورىغىنىدەك قىلىشى دۇرۇس، بۇنىڭ روزىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ روزا تۇتقان ۋاقىتىدا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى ياكى تەشنالىقتىن ئۈستىگە سوغۇق سۇ قۇياتتى. ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇئەنھۇمۇ رامزاندا ئىسسىق ياكى تەشنالىق سەۋەبىدىن كىيىملىرىنى سۇ بىلەن ھۆل قىلىپ كىيىۋالاتتى،ئەملىك دېگەن روزىغا تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاشقازانغا يەتمەيدۇ.